100 يىللىق كۆرەش يولى يېڭى مۇسابىقە ئاتلىنىش

# ئارمىيە بايرىقى مۇشۇ يەردىن كۆتۈرۈلگەن

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى مېي شىشيۇڭ

نەنچاڭ، ئارمىيە بايرىقى كۆتۈرۈلگەن جاي.

1927 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، نەنچاڭ شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدە ئوق ئاۋازىنىڭ ياڭرىشى بىلەن، پارتىيەمىزنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قوراللىق قارشى تۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان.

بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ۋەقە، جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ۋەقە، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ۋەقە.

قەھرىمانلار شەھىرى نەنچاڭ شەھىرىنىڭ جۇڭشەن يولىدىكى 380 ـ نومۇرغا جايلاشقان نەنچاڭ 1 ـ ئاۋغۇست قوزغىلىڭى خاتىرە سارىيى ئەينى چاغدا جياڭشى چوڭ مېھمانخانىسى، شۇنداقلا نەنچاڭ قوزغىلىڭى باش قوماندانلىق ئىشتابى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. 94 يىل ئىلگىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرغان ئاشۇ تۇنجى پاي ئوق ئاۋازى مۇشۇ يەردە ياڭرىغان.

نەنچاڭ 1 ـ ئاۋغۇست قوزغىلىڭى خاتىرە سارىيىنىڭ ساراي باشلىقى ۋاڭ شياۋلىڭ مۇنداق دېدى: خاتىرە سارىيى 1959 ـ يىلى سېلىنغان ھەم سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 20 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيەچى بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئوق ئاۋازلىرى، تارقاپ بولغان ئىس ـ تۈتەكلەرنىڭ ئىزنالىرىنى ئىزدىدى، «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىقىغا مۇجەسسەملەنگەن ئاشۇ شەرەپ ۋە ئارزۇلارنى ئىزدىدى.

1927 ـ يىلدىكى جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغانىدى. جياڭ جيېشى گۇرۇھى، ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاسىيلىق قىلىشىغا ئەگىشىپ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىشىپ قوزغىغان بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغان.

نەنچاڭ 1 ـ ئاۋغۇست قوزغىلىڭى خاتىرە سارىيى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شىن يۈ مۇخبىرنى مۇنداق بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىدى: 1927 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1928 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئۆلتۈرۈلگەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىنقىلابىي ئامما 310 مىڭدىن كۆپرەك كىشىگە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى 26 مىڭدىن كۆپرەك كىشى.

ئىنقىلابنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، 1927 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋاقىتلىق مەركىزىي كومىتېتى ۋۇخەندە دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، نەنچاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلغان ھەم جوۋ ئېنلەينى نەنچاڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنى تەشكىللەپ قۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى جياڭشى چوڭ مېھمانخانىسىدا يىغىن ئېچىپ، ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنى قۇرغان، جوۋ ئېنلەي شۇجى بولغان، لى لىسەن، يۈن دەيىڭ، پېڭ پەي كومىتېت ئەزاسى بولغان. يىغىندا 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارار قىلىنغان.

نەنچاڭ 1 ـ ئاۋغۇست قوزغىلىڭى خاتىرە سارىيى كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملارنى ساقلاش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن كۆرگەزمىخانا تەتقىقاتچىسى ليۇ شياۋخۇا مۇنداق دېدى: كېيىن قوزغىلاڭ ۋاقتى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەر سائەت 4كە كېچىكتۈرۈلگەن، لېكىن قوزغىلاڭ ۋاقتى ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، ئالدىنقى سەپ كومىتېتى ئىككى سائەت بۇرۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلغان. «ئەينى چاغدا نەنچاڭ شەھىرىدە گومىنداڭنىڭ قوراللىق كۈچلىرىدىن ئاران 16 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم بار ئىدى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىۋاستە تۇتۇپ تۇرغان ۋە تەسىر كۆرسەتكەن قوراللىق كۈچلەردىن خې لۇڭ، يې تىڭ، جۇ دې رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى بولۇپ، جەمئىي تەخمىنەن 20 مىڭدەك ئادەم بار ئىدى».

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2دە، نەنچاڭ شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدە ئوق ئاۋازى بىردىنلا ياڭرىغان. جوۋ ئېنلەي باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خې لۇڭ، يې تىڭ، جۇ دې، ليۇ بوچېڭ قاتارلىقلار قىسمىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، تۆت سائەتتىن ئارتۇق كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، 3000دىن ئارتۇق دۈشمەن يوقىتىلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن نەنچاڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 9دا، نەنچاڭ شەھىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە گومىنداڭدىكى سولچىل زاتلار قاتناشقان بىرلەشمە يىغىن ئېچىلىپ، سايلام ئارقىلىق سۇڭ چىڭلىڭ، دېڭ يەندا، خې شياڭنىڭ قاتارلىق 25 كىشى جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى بولۇپ تەشكىللەنگەن. قوزغىلاڭچى قوشۇن يەنىلا خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيە 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ بەلگىسىنى قوللانغان. ئىنقىلابىي كومىتېت خې لۇڭنى مۇۋەققەت باش قوماندانلىققا، يې تىڭنى ئالدىنقى سەپنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانلىقىغا، ليۇ بوچېڭنى سەنەۋتۇەننىڭ سەنمۇۋجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن.

نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ۋاڭ جىڭۋېي جاڭ فاكۈي، جۇ پېيدېلارغا نەنچاڭغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەسلىدىكى پىلان بويىچە جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەنچاڭدىن چېكىنىپ چىققان.

قوزغىلاڭ شۇ جايدىكى دېھقانلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىشنى تونۇپ يەتمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن كۆپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاز بولۇش، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ يىراققا يۈرۈش قىلىش، ئىستراتېگىيەلىك سەۋەنلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچى قوشۇن گۇاڭجوۋنىڭ چاۋشەن رايونىدا كۈچلۈك دۈشمەننىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، ئاساسىي كۈچى چېچىلىپ كېتىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان. ساقلاپ قېلىنغان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بىر قىسمى جۇ دې، چېن يى قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا گۇاڭدۇڭ، جياڭشى، خۇنەن چېگرالىنىدىغان رايونغا يۆتكىلىپ جەڭ قىلغان، كېيىن جىڭگاڭشەنگە چىققان، يەنە بىر قىسمى خەيلۇفېڭ رايونىغا يۆتكىلىپ داۋاملىق كۈرەش قىلغان.

1928 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، جۇ دې، چېن يى نەنچاڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان قىسمىنىڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ، ماۋ زېدۇڭ باشلامچىلىق قىلغان كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى قىسمى بىلەن جىڭگاڭشەندە غەلىبىلىك ئۇچراشقان.

ئىككى ئارمىيەنىڭ ئۇچرىشىشى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق كۈچىنى زورايتقان.

«نەنچاڭ قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئۇلۇغ.» ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى شى بوبو مۇنداق دېدى: نەنچاڭ شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدە ياڭرىغان ئوق ئاۋازى كېچە ئاسمىنىنى كېسىپ ئۆتكەن چاقماقتەك جۇڭگو خەلقىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىنقىلابنىڭ ئۈمىدىنى كۆرۈش، ئۇقۇشسىز شارائىتتا غەيرەتكە كەلگەن كۈچىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەنچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى، گۇاڭجوۋ قوزغىلىڭى ھەمدە باشقا نۇرغۇن رايونلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭلار بىلەن قوشۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا مۇستەقىل رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئارمىيەسىنى قۇرۇشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى.

كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە بايرىمى قىلىپ بېكىتىلدى.

شۇ چاغدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيەسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى، بەختىنى كۆزلەش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، گۈللىنىشىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت تارىخىي ئېقىمغا باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلاندى.

90 نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلق ئارمىيەسى ئىس ـ تۈتەكلىك ئۇرۇش ئوتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، يول بويى توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ، غايەت زور قۇربان بېرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپە ياراتتى.

تارىخ كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، خەلق ئارمىيەسى غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان ئۇلۇغ كۈچنى نامايان قىلدى. پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىشىدىكى تۈپ پرىنسىپ ۋە تۈزۈم نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن باشلانغان، سەنۋەندە ئۆزگەرتىلىپ ئاساس سېلىنغان، گۇتيەن يىغىنىدا مۇقىملاشتۇرۇلغان، بۇ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ بارلىق كونا ئارمىيەلەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان سىياسىي ئالاھىدىلىكى ۋە تۈپ ئەۋزەللىكى.

تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بىر مۇستەھكەم دۆلەت مۇداپىئەسى، بىر قۇدرەتلىك ئارمىيە باشتىن ـ ئاخىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشى، خەلقنىڭ تىنچ، بەختلىك بولۇشىنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى.

بۈگۈنكى كۈندە، خەلق ئارمىيەسى ئىلگىرىكى بىرلا خىل ئارمىيە تۈرى بولغان ئارمىيەدىن تەرەققىي قىلىپ، كۆپ خىل ئارمىيە تۈرى بىرلەشكەن قۇدرەتلىك ئارمىيەگە ئايلاندى، ئىلگىرىكى «سۆك قوشۇلغان مىلتىق» بىلەن قوراللانغان ئارمىيەدىن تەرەققىي قىلىپ ماشىنىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرغان، تېزلىكتە ئۇچۇرلىششقا يۈزلەنگەن قۇدرەتلىك ئارمىيەگە ئايلاندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىۋاتقان خەلق ئارمىيەسى جەزمەن تېخىمۇ شانلىق كەلگۈسىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**(يېزىشقا قاتناشقان: مۇخبىرلار خۇاڭ يىجىن، گاۋ رۇي، لى زىجيەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

# ھەر مىللەت ئاممىنى ئىسلاھات ـ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش

## ـــ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئەن جېڭيۈنى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ رۇيلىن

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى ئەڭ تېز ئاشقان، شەھەر، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش ئەڭ زور بولغان، ئاما ئەڭ كۆپ نەپكە ئېرىشكەن مەزگىل بولدى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. «14 ـ بەش يىل»غا نەزەر سالغاندا، قىزىلسۇ ئوبلاستى قانداق قىلىپ رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى، مۇھىت ئەۋزەللىكى، ئېچىۋېتىش ئەۋزەللىكى، كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن نەتىجىلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؟ مۇخبىر بۇ ھەقتە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئەن جېڭيۈنى زىيارەت قىلدى.

### كەمتۈكلۈكلەر تولۇقلىنىپ، ئاجىز تۈرلەر كۈچەيتىلدى

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلدە قىزىلسۇ ئوبلاستى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىغا غەلىبىلىك يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتتى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئەمەلىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈردى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر، كارخانىلارنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى، پۈتۈن ئوبلاستىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، قىزىلسۇ ئوبلاستى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاپ، 56 مىڭ 300 ئائىلىدىكى 250 مىڭ 900 ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى، 214 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلدى، تۆت نامرات ناھىيە (شەھەر)نىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2014 ـ يىلدىكى 53.21% تىن نۆلگە چۈشتى» دېدى ئەن جېڭيۈ.

ئەن جېڭيۈ مۇنداق تونۇشتۇردى: «شۇ يەرنىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇيەردىكىلەرنى باقالماسلىق» قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 2016 ـ يىلدىن باشلاپ، قىزىلسۇ ئوبلاستى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، نامرات ئاممىنىڭ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىن چىقىشىغا ياردەم بەردى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە توققۇز ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا 10 مىڭدىن ئارتۇق چارۋىچى كۆچۈرۈلۈپ، سۇ، توك، يول، پار، تەبىئىي گاز، يەسلى، باشلانغۇچ مەكتەپ، مەدەنىيەت مەيدانى قاتارلىق يۈرۈشلۈك قاتتىق دېتال ياندىشىپ ئەسلىھەلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئورتاق قۇرۇش، تولۇق قاپلاشقا ماس قەدەمدە تۈرتكە بولۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىزىلسۇ ئوبلاستى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپ بايلىق ئەۋزەللىكنى ئۈنۈملۈك بىرىكتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخى (ھەمراھ زاۋۇت)، باقمىچىلىق مەيدانى، ناۋايلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپى، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى پارنىكى قاتارلىق بىر تۈركۈم كۆچۈرۈشنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات تۈرلىرىنى ماس قەدەمدە يۈرۈشلەشتۈردى، بىر قاتار كۈچلۈك يادرولۇق تەدبىرلەر كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاممىۋى مۇلازىمەت ۋە مەھەللە ئىدارە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق نامرات نوپۇس ئۈنۈمسىز تاغنىڭ سىرتىدا ئىللىق ئائىلىگە ئىگە بولدى.

سۇچىلىق، قاتناش، ئېلېكتر تورى، ئېنېرگىيە ئېچىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك زور بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇرۇلۇپ ۋە ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى مۇھىم تىرەككە ئىگە قىلدى. ناھىيە دەرىجىلىك ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرى، باللار پاراۋانلىق ئورنى، مېيىپلەرنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلار، باللار، مېيىپلەرنىڭ تۇرلۇك ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈردى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كۈتۈپخانا، ناھىيە (شەھەر)لىك تەنتەربىيە مەيدانى، يېزا ـ بازار پۇتبول مەيدانى قاتارلىق مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجى ۋە تەنتەربىيە، چېنىقىش ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك قاندۇردى.

«بۇ بەش يىلدا، بىز خەلق تۇرمۇشىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قەتئىي تۈردە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدىغان، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور بىر تۈركۈم قاتناش، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە قاتارلىق مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنى پۈتتۈرۈپ ھەم ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە قىلدۇق. ‹13 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە جەمئىي 1563 نۇقتىلىق تۈر يولغا قويۇلۇپ، 61 مىليارد 705 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى» دېدى ئەن جېڭيۈ.

### كەسىپ ئاساسى كۈچەيتىلىپ، ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى

ئەن جېڭيۈ مۇنداق تونۇشتۇردى: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، قىزىلسۇ ئوبلاستى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش» تەرەققىيات فاڭجېنى بويىچە، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، پۈتۈن ئوبلاست سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى، تۆۋەن كاربونلۇق، يېشىل ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

1 ـ كەسىپ جەھەتتە، ئاشلىق، پاختا، شال مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى، سۈپەتنى تۆۋەن، ئۈنۈمى تۆۋەن باغلارنى ئۆزگەرتىش، ئۆلگە كۆرستىش بېغى بەرپا قىلىش، باغ ـ ئورمانچىلىق ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش ۋە باغ ـ ئورمان سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى تېرىقچىلىقتا سىجىل ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

«ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار ‹تېرىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق›تىن ‹تالىشىپ تېرىش›قىچە بولغان جەرياندا، يېزا ئىگىلىكى ئۈنۈمى بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى تەڭ ئاشتى» دېدى ئەن جېڭيۈ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، مەركەزلىك مايسا يېتىشتۈرۈپ، ئېگىز ئورۇننى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېمىتىپ سۇغىرىش، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. قىزىلسۇ ئوبلاستى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىش ئارقىلىق نەپكە ئېرىشكەن دېھقانلارنى يۆلەپ، پۈتۈن ئوبلاستىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2 ـ كەسىپ جەھەتتە، قىزىلسۇ ئوبلاستى نۇقتىلىق سانائەت تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ساھەلەردىكى باشلامچى كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈپ، زورايتىپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تۈرلەردە ئىش باشلاش، قۇرۇلۇشنى تاماملاش، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىش ئارقىلىق سانائەتنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەن جېڭيۈ مۇنداق تونۇشتۇردى: بەش يىلدىن بۇيان، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 150 تىن ئارتۇق نۇقتىلىق سانائەت تۈرىدە ئىش باشلىنىپ، جەمئىي 26 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سانائەت باغچە رايونىدىن تۆتى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 374 كارخانا ماكانلاشتى، سانائەت باغچە رايونىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 16 مىليارد 135 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8878 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەل قىلىندى. خاس باغچە رايونى ۋە نۇقتىلىق كەسىپلەر توپىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، باغچە رايونىنىڭ تۈرلۈك مۇلازىمەت ياندىش ئىقتىدارى تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، باغچە رايونىنىڭ چوڭ كارخانا، چوڭ تۈر، چوڭ كەسىپلەرنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

3 ـ كەسىپ جەھەتتە، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىدىكى تيەنمېن مەنزىرە رايونى، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى مۇزلۇق باغچىسى، ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى خۇڭسەن جىلغىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم ساياھەت تۈر قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ سەنچيەننيەن ئۆرپ ـ ئادەت كوچىسى، ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش، قىرغىز مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيەت كەنتى، ئويتاغ «پامىر رەسساملار كىچىك بازىرى» قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا تۈرتكە بولۇپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى.

ئەن جېڭيۈ مۇنداق بىلدۈردى: بەش يىلدىن بۇيان، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما دىققىتىنى باشتىن ـ ئاخىر باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويىدى، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد ساغلام تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئامما ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن نەتىجىلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى.

### يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

«‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلدە، قىزىلسۇ ئوبلاستى رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7% تىن كۆپرەك ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ؛ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20% ئەتراپىدا ئاشۇرىدۇ؛ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% ئەتراپىدا ئاشۇرىدۇ؛ شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7% ئەتراپىدا ئاشۇرىدۇ؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10%تىن كۆپرەك ئاشۇرىدۇ» دېدى ئەن جېڭيۈ.

ئەن جېڭيۈ مۇنداق تونۇشتۇردى: كېيىنكى قەدەمدە، قىزىلسۇ ئوبلاستى رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى، مۇھىت ئەۋزەللىكى، ئېچىۋېتىش ئەۋزەللىكى، كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكى ۋە يەر، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، ئەمگەك كۈچى تەننەرخى تۆۋەن بولۇش ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاشلىق، پاختا، مېۋە ـ چېۋە، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت تۆت چوڭ كەسىپنى زىچ چۆرىدەپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ساپا قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاش كەسپى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنىڭ كەسپلىشىشى، ئۆلچەملىشىشى، كۆلەملىشىشى، تۈجۈپىلىشىشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. سىياسەت، پەن ـ تېخنىكا، ئەسلىھە ـ جابدۇق، ئىختىساسلىقلار ۋە تۈزۈلمە تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زاماننىۋى يېزا ئىگىلىكى كەسىپ سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

كەلگۈسى بەش يىلدا، قىزىلسۇ ئوبلاستى چوڭ تۈرلەرنى تۇتقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى پۇختىلايدۇ. ئىسلاھات چارىسى، بازارلاشقان يۈرۈشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ قوزغىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەل ئارا سېلىنمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، بازار يېتەكچىلىكىدىكى سېلىنمىنىڭ ئىچكى ئېشىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، سېلىنمىنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشىنى ساقلايدۇ. قاتناش، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى چۆرىدەپ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كارخانىلارنى مانگان، قوغۇشۇن ـ سىنك، ۋانادىي تىتان، گىپس قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە زورايتىشقا يېتەكلەيدۇ. يېڭى ماتېرىيال كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېتەكچى پىكرىنى تۈزۈپ، چوڭ كارخانا، چوڭ گۇرۇھلارنى نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ «زەنجىر بەرپا قىلىش، زەنجىرنى تولۇقلاش، زەنجىرنى كۈچەيتىش» قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ كىرگۈزۈپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. «كىچىكلىكتىن كۆلەملىشىشكە ئۆرلەش» كارخانىسىدىن 100نى يېتىشتۈرۈشنى پىلانلاپ، تىرىشىپ جەمئىي 20 كارخانىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بىرتۇتاش باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. يېشىل كان، يېشىل زاۋۇت بەرپا قىلىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، سەككىز كارخانىنى دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېشىل زاۋۇت تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

ئەن جېڭيۈ مۇنداق بىلدۈردى: «‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، بىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە پايدىلىق تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرۈپ، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىمىز».